**2- «ئىسمداش (غانلىق، ىۋاتقانلىق، دىغانلىق) (+تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىسى) + چىقىش كېلىش» شەكلى**

ئىش – ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن يامغۇر ياغقانلىقتىن / ياغقانلىقىدىن توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەلمىدۇق.

ئۇلار ئەتە كېلىدىغانلىقتىن / كېلىدىغانلىقىدىن بىز ئۇلارنىڭكىگە بارمىدۇق.

ئايۇپ يىغىندا سۆزلەۋاتقانلىقتىن / سۆزلەۋاتقانلىقىدىن مەن ئۇنى چاقىرماي قايتىپ كەلدىم.

ئىزاھات: « ئىسمداش (غانلىق، ىۋاتقانلىق، دىغانلىق)(+تەۋەلىك شەخس قوشۇمچىسى) + چىقىش كېلىش»تىكى چىقىش كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىغا «ئۈچۈن» تىركەلمىسى ئالمىشىپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

يامغۇر ياغقانلىقى ئۈچۈن......

ئۇلار ئەتە كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن......

ئايۇپ يىغىندا سۆزلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن....

254

ئىزاھات: يۇقارقى گراماتىكىلىق شەكىلدىكى ئىسمداشنىڭ ئورنىغا سۈپەتداشنىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن يامغۇر ياغقىنى ئۈچۈن.....

ئۇلار ئەتە كېلىدىغىنى ئۈچۈن.....

ئايۇپ يىغىندا سۆزلەۋاتقىنى ئۈچۈن......

**3- «غانسېرى»لىق رەۋىشداش**

پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە «-غانسېرى / -قانسېرى / -گەنسېرى، / -كەنسېرى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

سۆزلەش + كەنسېرى ← سۆزلەشكەنسېرى

ئۆگەن + گەنسېرى ← ئۆگەنگەنسېرى

ئېيت + قانسېرى ← ئېيتقانسېرى

ئاڭلا + غانسېرى ← ئاڭلىغانسېرى

ئۇ ئويلىغانسېرى قورقۇشقا باشلىدى.

قوپما + يۋاتـ + ← قوپمايۋاتاتتىڭ

يازما + يۋاتـ + ← يازمايۋاتاتتىڭلار

سۆزلىمە + يۋاتـ + ← سۆزلىمەيۋاتاتتى

بۇ جۈملىلەرنى قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەكلىكىڭنى بىلمەيۋاتاتتۇق، سىز كېلىپ قالدىڭىز.

مەن بۇ كىتابلارنى كۆتۈرەلمەيۋاتاتتىم، ئەلىي ياردەمگە كەلدى.

كۆر + ۈۋاتـ + ما + يتتىم ← كۆرۈۋاتمايتتىم

قوپـ + ۇۋاتـ + ما + يتتىڭ ← قوپۇۋاتمايتتىڭ

ياز + ىۋاتـ + ما + يتتىڭلار ← يېزىۋاتمايتتىڭلار

سۆزلە + ۋات + ما + يتتى ← سۆزلەۋاتمايتتى

سىز تونۇگۈن ياتىقىمىزغا بارغاندا خەت يېزىۋاتمايتتىم، ماقالە يېزىۋاتاتتىم.

سىز خىزمەتكە قاتناشقان يىلى بىز بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتمايتتۇق، ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتاتتۇق.



**3) ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايىنىڭ سوئال شەكلى**

كۆرۈۋاتاتتىمـ + مۇ ← كۆرۈۋاتاتتىممۇ

قوپۇۋاتاتتىڭـ + مۇ ← قوپۇۋاتاتتىڭمۇ

يازمايۋاتاتتىڭلار + مۇ ← يازمايۋاتاتتىڭلارمۇ

يېزىۋاتمايتتىڭلار + مۇ ← يېزىۋاتمايتتىڭلارمۇ

سۆزلىمەيۋاتاتتـ + مۇ ← سۆزلىمەيۋاتاتتىمۇ

كۆرۈۋاتـ + امـ + تىم ← كۆرۈۋاتامتىم

قوپۇۋاتـ + امـ + تىڭ ← قوپۇۋاتامتىڭ

يازمايۋاتـ + امـ + تىڭلار ← يازمايۋاتامتىڭلار

يېزىۋاتما + امـ + تىڭلار ← يېزىۋاتمامتىڭلار

سۆزلىمەيۋاتـ + امـ + تى ← سۆزلىمەيۋاتامتى

سۆزلەۋاتما + م + تى ← سۆزلەۋاتمامتى

| | |
|---|---|
| Önder | پاسبان |
| Çoban | چوپان |
| Yaşa - | ياشا - |
| Birisi, bir kimse | بىراۋ |
| Keramet | كارامەت |
| Köle | قۇل |
| Fark et - | پەرقلەن - |
| Kısmet | قىسمەت |
| Kabir | قەبرە |
| Zengin | باي |
| Fakir | گاداي |
| İşaret | ئالامەت |
| Rahatsız | بىئارام |
| Öğüt | پەندى – نەسىھەت |
| Fırsat | غەنىيمەت |
| Eldin ele geç - | قولدىن – قولغا ئۆت - |



## گرامماتىكا

**1- ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايى**

ئىش – ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلۇشكۇن سىلەر كەلگەندە بىز توپ ئويناۋاتاتتۇق.

بۇلتۇر بۇ چاغلاردا باھارلار دوختورخانىدا پراكتىكا قىلىۋاتاتتى.

**1) ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايىنىڭ بولۇشلۇق شەكلى**

كۆر + ۈۋات + اتتىم ← كۆرۈۋاتاتتىم

قوپ + ۇۋات + اتتىڭ ← قوپۇۋاتاتتىڭ

ياز + ىۋات + اتتىڭلار ← يېزىۋاتاتتىڭلار

سۆزلە + ۋات + اتتى ← سۆزلەۋاتاتتى

**2) ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايىنىڭ بولۇشسىز شەكلى**

كۆرمە + يۋات + ← كۆرمەيۋاتاتتىم